# پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان يېمەكلىكنىڭ تۈرلىرى

أنواع الأطعمة التى تخرج فى زكاة الفطر

< ئۇيغۇرچە >

## ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

124965 ـنومۇرلۇق سوئال

سوئال:

پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرلىرى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالالھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پىتىر سەدىقىسى كىشىلەر كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا ئىستىمال قىلىدىغان بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، ماش، پۇرچاق، باقلا، تەييار چۆپ، گۆش قاتارلىق نەرسىلەردىن بېرىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام يېمەكلىكتىن ئۈچ كىلوگىرام مىقداردا بېرىشنى بېكىتكەن. ساھابىلارمۇ كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا ئۆزلىرى كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان يېمەكلىكتىن پىتىر سەدىقىسى بەرگەن.

ئەبۇ سەئىدىل خۇدەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ھېيت كۈنىدە يېمەكلىكتىن ئۈچ كىلو ئەتراپىدا پىتىر سەدىقىسى بېرەتتۇق، ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىرىمىز: ئارپا، ئۈزۈم، پىشلاق ۋە خورما قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئېدى.» [بۇخارى رىۋايىتى 1510ـھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 985ـھەدىس].

يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا بار ۋاقىتتا، چوڭ-كىچىك، ھۆر-قۇل، ئەر-ئايال بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يېمەكلىكتىن ياكى پىشلاقتىن ياكى ئارپىدىن ياكى خورمىدىن ياكى ئۈزۈمدىن ئۈچ كىلو ئەتراپىدا پىتىر سەدىقىسى بېرەتتۇق».

كۆپچىلىك ئالىملار ھەدىستە بايان قىلىنغان يېمەكلىكنى بۇغداي دەپ چۈشەندۈرگەن، يەنە بىر قىسىم ئالىملار يېمەكلىك دېگەن سۆزنى گۈرۈچ بولسۇن ياكى قوناق بولسۇن كىشىلەر كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان يېمەكلىك دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ توغرا قاراشتۇر. چۈنكى زاكات دېگەن بايلارنىڭ كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىشى بولۇپ، ئۇلارى ياشاۋاتقان رايوندا ئىستىمال قىلىنمايدىغان يېمەكلىك بىلەن باشقىلارغا ياردەم قىلمايدۇ. گۈرۈچ بولسا ئىككى ھەرەم دىيارىدا كۆپ ئىستىمال قىلىنىدىغان، ئېسىل، پاكىزە يېمەكلىك، ئۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان يېمەكلىكنىڭ بىر قىسمى

بولغان ئارپىدىن ئەۋزەلدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن گۈرۈچ بەرسە توغرا بولىدۇ. ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار توپلىمى 14-توم 200-بەت].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالار توپلىمى ناملىق ئەسىرىنىڭ 25-توم 68-بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتتىكى كىشىلەر ھەدىستە بايان قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى ئىستىمال قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قايسى بىرىدىن پىتىر سەدىقىسى بەرسە شەكسىز توغرا بولىدۇ. ئەمما ئۆز يۇرتىدا گۈرۈچ بىلەن قوناقنى كۆپ ئىستىمال قىلسا، ئۇ كىشى پىتىر سەدىقىسىگە بۇغداي بىلەن ئارپىنى بەرسە توغرا بولامدۇ؟ ياكى گۈرۈچ  بىلەن قوناقتىنلا بېرەمدۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار، ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا: گەرچە ھەدىستە بايان قىلىنغان يېمەكلىك تۈردىن بولمىسىمۇ، ئۆز يۇرتىدا كۆپ ئىستىمال قىلىنىدىغان يېمەكلىكتىن بەرسە بولىدۇ دېيىلگەن. بۇ ئىمام شافىئى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. ئەسلىدە سەدىقە كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش يولى بىلەن بېكىتىلىنىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى خورمىدىن ياكى ئارپىدىن ئۈچ كىلو ئەتراپىدا بېكىتتى، چۈنكى بۇ ئىككى يېمەكلىك ئەينى زاماندا مەدىنىدە كۆپ ئىستىمال قىلىنىدىغان يېمەكلىك ئىدى، ئەگەر بۇ يېمەكلىك ئۇلار كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان بولمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ يېمەكلىكلەردىن پىتىر سەدىقىسى بېرىشكە بۇيرىمايتتى، شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالامۇ بۇ تۈردىكى نەرسىلەردىن كاپارەت بېرىشكە بۇيرىمايتتى".

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ "ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين ناملىق ئەسەر 3-توم 12-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يېمەكلىكلەر شۇ ۋاقىتتا مەدىنە ئەھلى كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان يېمەكلىك ئىدى، ئەمما ھەر بىر كىشى ئۆز يۇرتىدا كۆپ ئىستىمال قىلىنىدىغان بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ ياكى ئەنجۈر قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن ئۈچ كىلو ئەتراپىدا بەرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى زېمىندا ئۈنگەن نەرسىلەردىن بولماستىن، سۈت، گۆش، بېلىق قاتارلىق نەرسىلەردىن بولسا، ئۇلارمۇ پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن ئۆزلىرى كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان يېمەكلىكتىن بېرىدۇ، بۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن توغرا قارىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا قاراشقا نەزەر سېلىنمايدۇ.

چۈنكى پىتىر سەدىقىسىدىن بولغان مەقسەت، ھېيت كۈنىدە كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۇلار ئۆزلىرى كۆپ ئىستىمال قىلىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ تۈردىن ياردەم بېرىشتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىستە بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ بۇغداي ياكى ئۇن بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ "ئەششەرھىل مۇمتىئ" ناملىق ئەسەرنىڭ 6-توم 183-بەتتە: ئۆز يۇرتىدا كۆپ ئىستىمال قىلىنىدىغان ئاشلىقلار،

مـۋە-چېۋىلـەر ۋە گۆش قاتارلـىق نەرسىلـەردىن پـىـتـىـر سـەدىقـىـسـى بـەرسـە دۇرۇس بولـىدۇ، دېگەن.

ھەمـمـىـدىـن ياخشى بىـلـگۈچى ئالـلاھ تائالادۇر.

IslamHouse.com